


# ياش كادىرلار «كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىشى» كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېك)** 2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى (دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ كۈز مەۋسۇملۇق ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى بىر ـ بىرىگە باغلىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارغا قارىتا، يېڭى دەۋردىكى «كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىش» تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلار قاتتىق بولغان ئىدىيەدە تاۋلىنىش، سىياسىيدا چېنىقىش، ئەمەلىيەتتە چېنىقىشقا بەرداشلىق بېرىپ، كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كوممۇنىستلارنىڭ كۆرىشىنىڭ يۆنىلىشى بار، مەيدانى بار، پرىنسىپى بار، چوڭ يۆنىلىش شۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا تەۋرەنمەسلىك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار، دۆلىتىمىزنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى ۋە مۇھىم، زور پرىنسىپىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار، دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار، دۆلىتىمىزنىڭ «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كەلگەن ھامان، بىز جەزمەن قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز، يەنە كېلىپ جەزمەن كۆرەشتە غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كاللىمىز ئالاھىدە سەگەك بولۇشى، مەيدانىمىز ئالاھىدە مۇستەھكەم بولۇشى، توغرا كۆرەش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، تۈرلۈك مۇھىم، زور كۆرەش، سىناقلار ئالدىدا «لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماسلىق»، «بوران ـ چاپقۇن ئالدىدا تەمكىن تۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە، تارىخ بىلەن رېئاللىقنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، خەلقئارا بىلەن دۆلەت ئىچىنى ئۆزئارا باغلاش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت كەڭ نەزەر دائىرىسى بىلەن، كەڭ كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلارنى ئۆگىنىش ماھارىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، كۆرەش قىلىش ماھارىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش ئۈچۈن چوڭقۇر بىلىش نەزەرىيەسى ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيە بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا دەۋر چوڭ ۋەزىيىتىدە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئېنىق كۆرۈشىمىز، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئىچىدە ھوشيارلىقنى، ئەندىشە ئېڭىنى ساقلىشىمىز، خەتەرلىك سىناقلار ئىچىدە كۆرەش قىلىش پەيلىنى تاۋلىشىمىز، ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جەريانىدا كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، كۆرەشتە غەلىبە قىلىشىمىزغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

# يېڭى دەۋردە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ «ئالتە پرىنسىپى»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېك)** 2018 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى دەۋردە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

يىغىندا شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسى خۇلاسىلەندى ھەم ئىزاھلاندى، يېڭى دەۋردە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا «ئالتە پرىنسىپ»، يەنى: ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشى، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتى، تاغ ـ دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسى، ئەڭ قاتتىق تۈزۈم، ئەڭ پۇختا قانۇنچىللىق ئارقىلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، يەر شارىۋى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئورتاق پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «ئالتە پرىنسىپ»نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىزنىڭ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشىمىز، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، يېتەكچى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت مىزانى بىلەن تەمىنلىدى. مەملىكەتلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى يەنە دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرىشىنى كۈچلۈك ئىدىيە يېتەكچىلىكى، نەزەرىيەۋى ئاساس ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىت پارتىيەنىڭ بۇرچى، ئاساسىي مەقسىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلە، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور جەمئىيەت مەسىلىسى. دۆلىتىمىز ئەزەلدىن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراشنى ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى قىلىپ بېكىتتى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى دۆلەت ئىستراتېگىيەسى قىلىپ بېكىتتى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە تۈزۈم سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» «ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئومۇمىي لايىھەسى»نى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار 40 نەچچە تۈرلۈك ئىسلاھات لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئومۇمىي نىشان، ئاساسىي ئىدىيە، ئاساسىي پرىنسىپ، نۇقتىلىق ۋەزىپە، تۈزۈم كاپالىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئورۇنلاشتۇردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مۇھىتنى بۇلغاش ۋە ئېكولوگىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى جىنايەت شەكىللەندۈرۈش ئۆلچىمى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈزەشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ھەرىكەت پىلانىنى چوڭقۇر يولغا قويدى، «جۇڭگونىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دۆلەت خاس لايىھەسى»نى باشلامچىلىق بىلەن ئېلان قىلدى، «دۆلەتنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش يىرىك پىلانى(2014 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)»نى يولغا قويدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا «پارىژ كېلىشىمى»نى تەستىقلاش ھۆججىتىنى ساقلاشقا تاپشۇردى.

يېڭى دەۋردە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ «ئالتە پرىنسىپى» شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى مەركەزلىك نامايان قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە تەبىئىي ئېكولوگىيە قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش باياشات، ئېكولوگىيە ياخشى بولغان مەدەنىي تەرەققىيات يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

# بىر كۆۋرۈك ئۈچ جاينى تۇتاشتۇردى، تەبىئىي توسۇق راۋان يولغا ئايلاندى

## —— شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلاندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(چى شېك)** 2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دېڭىز ھالقىغان چوڭ كۆۋرۈك —— شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكىدە قاتناش باشلاش مۇراسىمى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇخەي شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناش باشلاش مۇراسىمىدا چوڭ كۆۋرۈكتە رەسمىي قاتناش باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى ھەم چوڭ كۆۋرۈكنى كۆزدىن كەچۈردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن چوڭ كۆۋرۈكنى لايىھەلەش، قۇرۇش، باشقۇرۇشقا قاتناشقان كەڭ خادىملارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكى لىڭدىڭياڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەرقتە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بىلەن، غەربتە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇخەي شەھرى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 55 كىلومېتىر، ئۇ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» شارائىتىدا گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېندىن ئىبارەت ئۈچ جاي تۇنجى قېتىم ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە قۇرغان دەرىجىدىن تاشقىرى دېڭىزدىن ھالقىغان قاتناش قۇرۇلۇشى. شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشىدا 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلۇش باشلانغان بولۇپ، 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلغان، 2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 9دا رەسمىي قاتناش باشلىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. چوڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا لايىھەلەش ئىدىيەسى، ياساش تېخنىكىسى، قۇرۇلۇش قىلىشنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئەندىزىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار يېڭىلىق يارىتىلغان، كۆپ تۈردە دۇنيا بويىچە رېكورت يارىتىلغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان مىللىي ئىرادىسىنى نامايان قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ تونېل، ئارال، كۆۋرۈك لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى تۈرتكە بولغان مۇھىم، زور دۆلەت ئىستراتېگىيەسى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشىغا يۇقىرى تەلەپ قويدى، سەمىمىي ئۈمىد كۈتتى: 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقى پەيتىدە، شياڭگاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكى شياڭگاڭ بۆلىكى قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىغا بېرىپ، قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى؛ 2018 ـ يىلى يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى قىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلغانلىقى»نى ئالاھىدە تىلغا ئالدى ھەم «مەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇرغۇپ چىققان ئۇلۇغ ئىجادىي كۈچىگە ئاپىرىن ئېيتىمەن» دەپ، «جۇڭگو مۆجىزىسى»نى ياراتقۇچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

شياڭگاڭ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشى ئۈچ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇشى ۋە ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسىگە پايدىلىق، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، جۇجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىشىشىنى قوللاش، ئىچكىرى رايونلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

# «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(چى شېك)** 2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان تەلەپلىرى ۋە نۇقتىلىق تەدبىرلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنى تۈپ كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. بۇ مۇھىم ۋاقىت تۈگۈنىدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، مەيلى بىز قانچىلىك يىراققا بارايلى، كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.

ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما، 2017 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، 19 ـ قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ، شاڭخەيدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن ئورنى ۋە جېجياڭ جياشىڭ نەنخۇ كۆلىدىكى قىزىل كېمىگە ھۆرمەت بىلدۈردى، پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى ئەسلىدى، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلىدى. 2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيەدە ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» قاراپ چىقىلدى ھەم 5 ـ ئايدا پۈتۈن پارتىيەگە بېسىپ تارقىتىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ، 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن پارتىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش: 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا باشلاپ، 8 ـ ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتۇرۇش، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باشلاپ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇرۇلدى، مەركەز باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەمدە ئىشخانىسى قۇرۇلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىن فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئىنچىكىلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش تەلەپ قىلىندى.

جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىشقا، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇلۇغ كۆرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ چىقارغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسى بولۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.